# بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەج قىلغىلى كەلدۇق، بىز ھەجگە تەلبىيە ئېيتىۋاتاتتۇق(يەنى نىيەت قىلىۋاتاتتۇق)، رەسۇلۇللاھ بىزنى ئۆمرە قىلىشقا بۇيرىدى، بىز نىيىتىمىزنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتتۇق

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەج قىلغىلى كەلدۇق، بىز ھەجگە تەلبىيە ئېيتىۋاتاتتۇق(يەنى نىيەت قىلىۋاتاتتۇق)، رەسۇلۇللاھ بىزنى ئۆمرە قىلىشقا بۇيرىدى، بىز نىيىتىمىزنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتتۇق
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: كۆپلىگەن ساھابىلەر مەدىنىدىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئۇلار ھەج ئىفرادنىڭ تەلبىيەسىنىلا ئېيتاتتى، يەنى يالغۇز ھەجنىلا مەقسەت قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: كىمكى قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولسا قىلماقچى بولغان بۇ تاۋاپنى ئۆمرە قىلىپ، ھەج تەمەتتۇئغا نىيەت قىلسۇن دېگەن «ھەج ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، قىران، تەمەتتۇئ، ئىفراد» ساھابىلار شۇنىڭ بىلەن ئۆمرە قىلىپ ئىھرامدىن چىقىشتى، ھەج كۈنلىرى كەلگەندە ھەجگە قايتا ئىھرام باغلىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4529

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee